«پىنگۋىن» نادىر بالىلار كىتابلىرى

# ئوماق بوۋام



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

«پىنگۋىن» نادىر بالىلار كىتابلىرى

# ئوماق بوۋام



ئاپتورى: مارگارېت ۋىلد [ئاۋستىرالىيە]

رەسىمىنى سىزغۇچى: دېبورا نىلاند [ئاۋستىرالىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل ئەخمەتجان

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى


图书在版编目(CIP)数据

爷爷宝贝：维吾尔文 / (澳) 威尔德著；(澳) 尼兰德绘；孙艳敏，茹仙古丽·艾合买提江译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2015.11
(企鹅经典童书)
ISBN 978-7-5469-7879-6

Ⅰ. ①爷… Ⅱ. ①威… ②尼… ③孙… ④茹… Ⅲ. ①儿童文学-图画故事-澳大利亚-现代 Ⅳ. ①I611.85

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 304939 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　　责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任编辑：乌尔古丽·努热克　　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
美术编辑：伊丽米努尔·麦麦提艾力　　责任印制：刘伟煜

| | |
|---|---|
| 书　名 | 企鹅经典童书——爷爷宝贝(维吾尔文) |
| 作　者 | [澳]玛格丽特·威尔德 |
| 绘　画 | [澳]黛博拉·尼兰德 |
| 译　者 | 茹仙古丽·艾合买提江 |
| 出　版 | 新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com) |
| 地　址 | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026) |
| 发　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 制　版 | 新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心 |
| 网　购 | 当当网、京东商城、亚马逊、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店 |
| 印　刷 | 北京新华印刷有限公司 |
| 开　本 | 880 mm × 1230 mm　1/16 |
| 印　张 | 2 |
| 版　次 | 2015 年 11 月第 1 版 |
| 印　次 | 2016 年 6 月第 1 次印刷 |
| 书　号 | ISBN 978-7-5469-7879-6 |
| 定　价 | 8.00 元 |

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

جورجىنىڭ ئاتا - ئانىسى خىزمەتكە كەتكەچ-
كە، بوۋىسى ئۆيدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.





ئۇلار بەزىدە قۇمدىن قەلئە ياساپ ئوينىسا، بەزىدە ھەر خىل گۈللەرنى تېرەتتى.





بەزىدە قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتىشسا، يەنە بەزىدە مېھماندارچىلىق ئوينايتتى.



بىركۈنى سەھەردە، جورجى بوۋىسىغا:
— بۈگۈن مەن چوڭ ئادەم بولاي، بوۋا سەن قوزام بولغىن، بولامدۇ؟ — دېدى.
— بولىدۇ! — دېدى ئوماق بوۋاي جورجىغا قاراپ، — ئۇنداق بولسا بىز ئو-
يۇنچۇقلارنى يىغىشتۇرۇش ئويۇنى ئوينايلى!
— ياق! — دېدى جورجى قوشۇلماي، — قوزام، پوسماقنى كىيگىن، بىز باغ-
چىغا بارىمىز.
— باغچىغا بارىمىزمۇ؟ بەك ياخشى بولدى! — ئوماق بوۋاي خۇشاللىقىدىن
سەكرەپ كەتتى.



باغچىغا بېرىش يولىدا جورجى بوۋىسىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمىدى.
— قولۇمنى ھەرگىز قويۇۋەتمە جۇمۇ، — دەپ تاپىلىدى جورجى، — ئېسىڭدە تۇتۇۋالدىڭمۇ؟
— تۇتۇۋالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.





بوۋاي باشتىن ـ ئاخىر جورجىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمىدى، جورجى بۇنىڭدىن تو ـ لىمۇ خۇش بولدى. يولدىن ئۆتكەندە، جورجى مۇكاپات سۈپىتىدە، بوۋىسىغا قىزىل ـ يېشىل چىراغنىڭ كۇنۇپكىسىنى باسقۇزدى.









باغچىغا كەلگەندىن كېيىن، جورجى بوۋىسىغا تولىمۇ ئەستايىدىل قارىدى.

ــ قاراڭ، بوۋام دەرەخكە يامىشىپ چىقىۋالدى.





ــ قاراڭ، بوۋام يالاڭ تورنىكقا تەتۈر ئېسىلىۋاپتۇ.









— قاراڭ، بوۋام سىيرىلغۇچتىن ئۆزى سىيرىلىپ چۈشتى.



جورجى بىلەن بوۋاي قوغلاشماق ئويناۋاتقاندا، بوۋاي ئېھ-
تىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كېتىپ، تىزىنى ئۇرىۋالدى.
— ھۇ، ھۇ، ھۇ! — بوۋاي يىغلىدى.
جورجى بوۋىسىغا:
— قوزامنى سۆيۈپ قوياي، ئاغرىقلار ئۇچۇپ كەتسۇن! —
دېگىنىچە، بوۋىسىنىڭ تىزىغا سۆيۈپ قويۇۋىدى، بوۋاينىڭ
پۇتى ئاغرىقتىن توختىدى.
بوۋاي دەرھال كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، يىغىدىن
توختىدى.







— مەن ئىلەڭگۈچ ئۇچىمەن، سەن مېنى ئىتتىرىپ قوي! — بوۋاي جورجىغا بۇيرۇق قىلدى.

— ئىتتىرىپ قويالامسەن؟ دېيىشىڭ كېرەك، — دېدى جورجى.

— مېنى ئىتتىرىپ قويالامسەن؟ — دېدى بوۋاي.

— سۆيۈملۈك قوزام، ئىلەڭگۈچنىڭ ئارغامچىسىنى چىڭ تۇتقىن - ھە، — دېدى جورجى.

ئۇماق بوۋاي گەپ ئاڭلاپ، ئىلەڭگۈچنىڭ ئارغامچىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئۇچۇشقا باشلىدى.





— ھوي، ھەجەپ ئېگىز ئۇچتۇم! — ئۇماق بوۋاي خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى.



جورجى ئىتتىرىپ، ئىتتىرىپ... بىردەمدىلا ھېرىپ قالدى.
— ئۆيگە قايتايلى، — دېدى جورجى.



— قايتمايمەن! — ئوماق بوۋاينىڭ ئۆيگە قايتقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئىلەڭ-گۈچتە يەنىمۇ ئېگىز، يەنىمۇ تېز ئۇچقۇسى بار ئىدى.
جورجى خاپا بولۇپ قالدى. ئۇ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەرنى چەككىنىچە:
— سېنى ساقلاۋاتىمەن - ھە، تېز چۈشكىن، — دېدى.



بوۋاي خۇشياقمىغان ھالدا ئىلەڭگۈچتىن چۈشتى.
جورجى بەك خۇش بولدى. ئۇ بوۋاينى قۇچاقلىغىنىچە، ئۇنى ماختاپ:
— قوزام، سەن بەك ياخشى - جۇمۇ! — دېدى.
ئوماق بوۋاي بىردىنلا خۇش بولۇپ كەتتى.



ئۆيگە قايتىش يولىدا، ئوماق بوۋاي يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، مېڭىشقا ئۇنىمىدى.
ــ مەن ھېرىپ كەتتىم! ــ دېدى بوۋاي ئەركىلەپ، ــ سەن مېنى يۈدۈپ ماڭغىن!
ــ سەن بەك ئېغىر تۇرساڭ، مەن سېنى يۈدىيەلمەيمەن.
جورجى بوۋاينى ئىلھاملاندۇرۇپ:
ــ سۆيۈملۈك قوزام، غەيرەت قىلغىن! ئۆيگە كېلەيلا دەپ قالدۇق! ــ دېدى.
ئەمما ئوماق بوۋاي يەنىلا يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، ماڭغىلى ئۇنىمىدى.





— ئەمسە مۇنداق قىلايلى، — دېدى جورجى، — ئىككىمىز پاقىنىڭ سەكرىشىنى دورايلى!

ئوماق بوۋاي خۇشاللىقىدىن سەكرەشكە باشلىدى.

ئۇ پاقىچە سەكرەپ ئويناشقا ئامراق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پاقىچە سەكرەشكە باشلىدى.



بىرئازدىن كېيىن، ئۇلار پىلنىڭ مېڭىشىنى دورىدى.





كەينىدىن يەنە، توشقاننىڭ سەكرىشىنى دوراپ ئوينىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا، قۇرتتەك تولغىنىپ مېڭىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدى.





ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جورجى بىلەن ئوماق بوۋاي ساندۇۋىچ يېيىشىپ، ئىچىملىك ئىچىشتى.

جورجى بوۋىسىغا:

— سۆيۈملۈك قوزام، چۈشلۈك ئۇخلاش ۋاقتى بولدى! — دېدى.



ئوماق بوۋاي ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقىنى قۇچاقلىغىنىچە يۇڭ ئەدىيالنى يېپىنىپ كىرېسلودا ياتتى.

— مەن ئېمىزگە ئىممەن، — دېدى ئوماق بوۋاي ئېرىنچەكلىك بىلەن.

— ئېمىزگىنى تاپالمىدىم، — دېدى جورجى.

ئېمىزگە بولمىغاچقا، ئوماق بوۋاي ئامال يوق باشمالتىقىنى شورىدى.



بەش مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەي، جورجى چاقىردى:
ــ ئورنۇڭدىن تۇرغىن! تېز ئويغان!
ــ تېخى تۇرىدىغان ۋاقىت بولمىدىغۇ! ــ ئوماق بوۋاي غۇدۇڭشىغىنىچە يۇڭ ئەدىيالغا تېخىمۇ مەھكەم يۆگەندى.
جورجى بوۋاينىڭ چېچىنى تارتىپ، قاپىقىنى قايرىپ، كۆزىنى ئاچقۇزدى.
ئوماق بوۋاي ئۇخلىيالمىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئەسنىگىنىچە كېرىلدى.
ــ بىز ئەتە سۇ ئۈزگىلى، ياكى بولمىسا باغچىغا بارايلى! ــ دېدى ئوماق بوۋاي.





ئەمما، جورجىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بىر ئويى بار ئىدى.



ــ ئەتە مەن يىرتقۇچ ئەجدىھا بولاي، بوۋا سەن گۈزەل مەلىكە بولغىن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ! — مەلىكە بوۋاي خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.





بۇ كىتاب ھازىرقى زامان مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据现代教育出版社 2014 年 8 月第 1 版,2014 年 8 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ھۆرىگۈل نۇر
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى

قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: لىيۇ ۋېيىۋ

«پىنگۇئىن» نادىر بالىلار كىتابلىرى

# ئوماق بوۋام

ئاپتورى: مارگارېت ۋىلد [ئاۋستىرالىيە]    رەسىمىنى سىزغۇچى: دېبورا نىلاند [ئاۋستىرالىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل ئەخمەتجان

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئۇنۇ» سىرخىل كىتابلار نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 2
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7879 - 6
**باھاسى:** 8.00 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)